# بېرىلمىگەن نەرسە بىلەن ئۆزىنى خوشال كۆرسەتكەن كىشى يالغانچىلىقنىڭ ئىككى تونىنى كىيگۈچىگە ئوخشاش

ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، بىر ئايال: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ بىر كۈندىشىم بار (ئېرىمنىڭ يەنە بىر ئايالى) مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئېرىم ماڭا بەرمىگەن نەرسە بىلەن ئۆزۈمنى خوشال كۆرسەتسەم ماڭا گۇناھ بولامدۇ؟ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «بېرىلمىگەن نەرسە بىلەن ئۆزىنى خوشال كۆرسەتكەن كىشى يالغانچىلىقنىڭ ئىككى تونىنى كىيگۈچىگە ئوخشاش» دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بىر ئايال پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: ئېرىنىڭ يەنە بىر ئايالى بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ كۈندىشىنى تېرىك تۇرۇش ئۈچۈن يالغان سۆزلەپ، ئېرىم ماڭا مۇنداق، مۇنداق نەرسىلەرنى بەردى دېيىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بۇنداق دېسە ئۆزىگە گۇناھ بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا سورىغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: ئۆزىدە بولمىغان نەرسە بىلەن زىننەتلىنىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان كىشىنىڭ بوھتانچى ۋە يالغانچى بولىدىغانلىقىنى خەۋەر بەردى



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee